


ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ كوئېنلۇن جىيۇەن ئورۇنلاشتۇرۇش ئولتۇراق رايونى:

# بىر جاينىڭ سۇ، تۇپرىقىنى ئالماشتۇرۇپ، شۇ جاينىڭ پۇقرالىرىنى بېيىتىش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

قاتار ـ قاتار رەتلىك ئولتۇراق بىنالار، تۈز، كەڭرى يوللار، قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇتلىرى، كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان چىرايلارنى ھەممىلا جايدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ... 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى ئەڭ چوڭ نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش نۇقتىسى ــــ ناھىيە بازىرىغا جايلاشقان كوئېنلۇن جىيۇەن ئولتۇراق رايونىغا كىرگەندە، بالىلار ئولتۇراق رايونىدىكى مەيداندا ئويناۋاتاتتى، ياشانغانلار مۇقىم ئولتۇراقلىشىش تۇرمۇشىدىن مەمنۇنلۇق بىلەن بەھرىلەنمەكتە، ياشلار كۆرەش ئارقىلىق يېڭى تۇرمۇشنى پۈتمەكتە ئىدى.

## پارتىيەنىڭ سىياسىتى ياخشى تۇرمۇشتا زور ئۆزگىرىش بولدى

قۇياش نۇرى ئاستىدا، مۇخبىر كوئېنلۇن جىيۇەن ئولتۇراق رايونىدا ياشانغانلارنىڭ دەرەخ ئاستىدا سالقىنداپ پاراڭ سېلىشىۋاتقانلىقىنى؛ بالىلارنىڭ ئىلەڭگۈچ ئۇچۇپ، قوغلىشىپ ئويناۋاتقانلىقىنى؛ ئاياللارنىڭ كەشتە تىككەچ، ناخشا ئېيتىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى...

«پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى بولمىغان بولسا، قانداقمۇ بۈگۈندەك ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەلەيتتۇق» دېدى 70 ياشلىق تۇردىخان ئىمىن خۇشال ھالدا.

تۇردىخان ئىلگىرى تۇرغان ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ چارلۈك يېزىسى تويلۇ بۇلۇڭ كەنتىنىڭ قاتنىشى قولايسىز ئىدى. بۇلتۇر 9 ـ ئايدا، تۇردىخان ئائىلىسىدىكىلەر كوئېنلۇن جىيۇەن ئولتۇراق رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ، يېڭى ئۆيدە ئولتۇرۇپ، مەنىلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. «بالىلار ئىشىك ئالدىدىلا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ئىش بېجىرىش، نەرسە سېتىۋېلىش، سىرتقا چىقىش ئىنتايىن قولايلىق» دېدى تۇردىخان.

كوئېنلۇن جىيۇەن ئولتۇراق رايونىنى قۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە، ئاقتۇ ناھىيەسى شىپاخانا، مەكتەپ، يەسلى، مەدەنىيەت مەيدانى ۋە داۋاملاشما كەسىپ تەرەققىيات تۈرلىرىنى ماس قەدەمدە پىلانلاپ، ماس قەدەمدە قۇردى.

«بۇ تۇنجى قېتىم ھاجەتخانىسى بار ئۆيگە كۆچۈپ كىرىشىم، كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىم ئىشكاپىغا سالىدىغان بولدۇق، تاماقنى ئوچاق بېشىدا ئېتىدىغان، تاماق ئۈستىلىدە يەيدىغان بولدۇق ... » يېڭى ئۆي تىلغا ئېلىنسا تۇردىخان ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ: «پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتتى» دېدى.

كوئېنلۇن جىيۇەن ئولتۇراق رايونى يەنە «پارتىيە قۇرۇلۇشى + يېزا ـ بازار + تەۋەلىك جاي» باشقۇرۇش ئەندىزىسى بويىچە، ئارىلاپ مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ مەھەللىگە بولغان تەۋەلىك تۇيغۇسى ۋە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپتۇ.



ئاقتۇ ناھىيەسى كوئېنلۇن جىيۇەن نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ئورۇنلاشتۇرۇش ئولتۇراق رايونىدىن بىر كۆرۈنۈش (2018 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تارتىلغان).

□ سۈرەتنى ئاقتۇ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى تەمىنلىگەن

## ئىشىك ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىپ ئائىلىنى باقتى ھەم ئائىلىدىن خەۋەر ئالدى

«بۇ سىمنىڭ كەپشەرلەش نۇقتىسىنى يەنىمۇ كىچىكرەك قىلسىڭىز، ئۇنىڭ نورمال ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلالايسىز.» ئاقتۇ ناھىيەسى جۇڭيىنتۇڭ ئېلېكترون پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىدە، بۇزۆرە تۇردىئەلى خادىملارغا سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى.

«زاۋۇت ئىشىكىمىز ئالدىدىلا، ئىشلەمچىلىك قىلىپ پۇل تاپقىلى، يەنە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىلى بولىدۇ، پۇل تېپىش بىلەن ئۆيگە قاراشنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە دەخلى يەتمەيدۇ» دېدى بۇزۆرە خۇشال ھالدا.

ئىلگىرى تاغدا قوي باقىدىغان بۇزۆرە ئائىلىسى بويىچە كوئېنلۇن جىيۇەن ئولتۇراق رايونىغا كۆچۈپ كەلدى، ھازىر شىركەت سېخىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

«بىر ئايدا 2000 يۈەندىن ئارتۇق مائاش ئالىمەن، ياخشى ئىشلەپ، ئائىلەمدىكىلەرنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرىمەن.» بۇزۆرە تەستە قولغا كەلگەن خىزمىتىنى ئىنتايىن قەدىرلەيدىكەن.

كۆچۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، ئاقتۇ ناھىيەسى مۇددەتتىن بۇرۇن تەكتىنى ئېنىقلاپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى پىلانلاپ، «نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش + كەسىپلەر باغچە رايونى + ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، كۆچۈرۈلگەن ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۆلچەملەشكەن، قېلىپلاشقان، سىستېمىلاشقان ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپتۇ. ئەمگەك كۈچى بار كۆچۈرۈلگەن ئائىلىلەردىن «بىر ئائىلىدىن بىر ئادەم» «بىر ئائىلىدىن كۆپ ئادەم» مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپتۇ.

2017 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇنجى تۈركۈمدە كۆچۈرۈلگەن سارى قۇربان يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ، كىچىك بالىدەك ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئىكەن. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئاشخانا ئېچىش ئويى بارلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا 56 كۇۋادرات مېتىرلىق دۇكان بۆلۈپ بېرىپتۇ.

ناھايىتى تېزلا، سارىنىڭ تاڭنۇر مىللىيچە تائاملار ئاشخانىسى مەھەللىنىڭ ياردىمىدە تىجارەت باشلىدى، ئۇنىڭ چېھرىدە بەخت كۈلكىسى جىلۋىلەندى، چۈنكى ئۇ ئۆزى پۇل تېپىپلا قالماي، يەنە ئالتە نامرات ئاھالىنى ئاشخانىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى كوئېنلۇن جىيۇەن ۋە سىلۇ جىيۇەندىن ئىبارەت ئىككى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ئورۇنلاشتۇرۇش ئولتۇراق رايونىغا جەمئىي 2557 ئائىلىلىك 10 مىڭ 632 نامرات نوپۇس ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. كارخانىلارنى كىرگۈزۈش، ئىگىلىك تىكلەشكە يار ـ يۆلەك بولۇش، ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق خاراكتېرىدىكى ئىش ئورۇنلىرىنى ئېچىش قاتارلىقلار ئارقىلىق 5848 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ھەل قىلىنىپتۇ.

## قول تۇتۇشۇپ بېيىش يولىغا ئاتلاندى ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇردى

«يېڭى بىنا ئۆيدە ئولتۇرالىغانلىقىمىز، پارنىكتا تېرىقچىلىق قىلالىغانلىقىمىزدىن پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ناھايىتى خۇشال» دېدى كوئېنلۇن جىيۇەن ئولتۇراق رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن ھاشىر تاھىر ھاياجانلانغان ھالدا.

ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىك پارنىكىدىن يەتتىنى ھۆددىگە ئالغان ھاشىر كۆكتات تېرىش تونۇشلار ئورۇنلۇق قىلىپ: «كۆكتات تېرىش بالا باققانغا ئوخشايدۇ، مايسا يېتىشتۈرۈش، يەر ئاغدۇرۇش، ئوغۇتلاش، پەرۋىش قىلىشتا ئازراقمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى.

پارنىكلار ئۆيدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، ھاشىر ئەر ـ خوتۇن چۈشتە ئۆيگە ناھايىتى ئاز قايتىدىكەن، گەرچە جاپالىق بولغان بولسىمۇ، ھەربىر كۈن ئۇلارغا ئۈمىد بېغىشلىغاچقا، كۈنلىرى ناھايىتى مەنىلىك ئۆتىدىكەن.

«بىر پارنىكتىن بىر يىلدا 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلىمەن، كېلەر يىلى يەنە ئىككى پارنىكنى ھۆددە ئېلىشنى پىلانلاۋاتىمەن» دېدى ھاشىر تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

ھاشىرغا ئوخشاش كۆچۈش سېتىۋالدى ئىسمايىل ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ ئۆزگەرتتى.

«ئىنىم 2017 ـ يىلى ئاۋۋال كۆچۈپ كېلىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش ئولتۇراق رايونىدا ئولتۇردى، ئۇنىڭغا نامراتلارنى يۆلەش پارنىكىدىن بىرى تەقسىم قىلىندى.» سېتىۋالدى مۇنداق دېدى: «مېنى ھەيران قالدۇرغىنى ئىنىم قوغۇن ۋە كۆكتات تېرىشنى ئۆگىنىپ، شۇ يىلىلا 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىپ، ئىككىنچى يىلى نامراتلىقتىن ئوڭۇشلۇق قۇتۇلدى».

پامىر ئېگىزلىكىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئىلگىرىكى «قوي ـ كالىلىرىنى ھەيدەپ تاغمۇ ـ تاغ يۈرىدىغان، ھەر يىلى بىر خىللا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان» تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىش بولدى.

«684 ئائىلىلىك كۆچۈرۈلگەن نامرات ئائىلىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن كۆكتات پارنىكى تەقسىملەندى، ھۆكۈمەت ئورۇقلۇق، خىمىيەۋى ئوغۇت بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى، ئۇنىڭدىن باشقا تېخنىك خادىملار ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ يېتەكچىلىك قىلدى. بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن پۇقرالارنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمىز» دېدى كۆچۈرۈلگەن چارۋىچىلار بىلەن بىللە تاغدىن چۈشكەن ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ چارلۈك يېزىسىدىكى كادىر يۈسۈپ توختىبېك.

## ئەمن ئۆيدىكى يېڭى نەرسە ـ كېرەكلەر

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تېلېگراممىسى**(مۇخبىرلار دىڭ جيەنگاڭ، خاۋ يۇ) بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاممىنىڭ يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىشى، يېڭى ئۆيلەردە ئولتۇرۇشى يېڭى ئىش ھېسابلانمايدىغان بولدى. بىراق مۇخبىرلار تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقان خوتەن ۋىلايىتىدە كەنتلەرگە بېرىپ ئائىلىلەرگە كىرگەندە، بوستانلىقتىكى دېھقانلارنىڭ يېڭىدىن ياسالغان خەلقنى بېيىتىش ئەمن ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن يېڭى نەرسە ـ كېرەكلەرنى تولۇقلىغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن كۆردى.

خوتەن ۋىلايىتى دۆلىتىمىزدىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ بىرى. يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىشتىن ئىلگىرى، شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ كېسەك ئۆيى ياكى يۇلغۇن بىلەن لاي ئىشلىتىلگەن قۇشام ئۆيى بارلىق بىساتى بولۇپ، تۈزۈكرەك ئۆي جاھازلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، مۇخبىرلار شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن كارىۋاتتا ئۇخلاپ، ئۈستەلدە تاماق يەيدىغانلىقىنى، ياغاچ كارىۋات، سافا ۋە تاماق ئۈستەلى بولۇپلا قالماي، يەنە يېڭى ئېلېكتر سايمانلىرىنى سەپلىگەنلىكىنى كۆردى؛ ئۆيلەرمۇ ئىشلىتىلىشىگە قاراپ مېھمانخانا، ياتاق ئۆي، ئاشخانا ۋە مۇنچا دەپ ئايرىلىپتۇ.

قۇملۇق رايوندا يازدا پىژغىرىم ئىسسىق بولىدۇ، كەچلىرى روزىمەمەت مەتكېرەم جۈمەكنى ئېچىپ، ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇپ بىر كۈنلۈك ھارغىنلىقنى تۈگىتىشكە ئامراق. ئۇنىڭ 100 كۇۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان يېڭى ئۆيىدە، تېلېۋىزور، كىرئالغۇ، گاز ئوچاق قاتارلىق زامانىۋى ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق ئىكەن؛ ياشانغان ئانىسىمۇ قوي گۆشى، تۇخۇم، سەۋزىلەرنى توڭلاتقۇغا سېلىپ يېڭى پېتى ساقلاشقا ئادەتلىنىپتۇ.

ئىككى يىل ئىلگىرى، روزىمەمەت تۇرۇشلۇق چىرا ناھىيەسىنىڭ چاقا يېزىسى ئېنىلىك كەنتى يەنىلا نامرات كەنت ئىدى. شىنجاڭدا خەلقنى بېيىتىش ئەمن ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشى، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنىڭ ئاشۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، روزىمەمەت ئەمن ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپتۇ. خوتۇنىمۇ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىپتۇ، تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىپتۇ.

روزىمەمەتنىڭ ئائىلىسىگە ئوخشاش ئۆي جاھازلىرى ۋە ئېلېكتر سايمانلىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىدىكى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئائىلىلەرگە كىردى. بىر قىسىم ئائىلە شارائىتى ياخشىلىرى بالىلىرىغا يالغۇز كىشىلىك ياتاق ئۆي، يېزىق شىرەسى تەييارلاپ بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى يىلدا ھويلا ـ ئارانلارنى تۈزەش ھەمدە ئولتۇراق رايونى، تېرىقچىلىق رايونى، باقمىچىلىق رايونىدىن ئىبارەت «ئۈچ رايوننى ئايرىش» يولغا قويۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى كۆنسېرى پاكىز، رەتلىك بولدى.

مۇخبىرلارنى ھەيران قالدۇرغىنى بۇلارلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن دېھقان ئائىلىلىرىگە ئېسىلغان «مەسئۇلىيەتنامە» ۋە «چۈشىنىش خالتىسى» ئىدى. روزىمەمەتنىڭ ئۆيىنىڭ تېمىغا بىرنەچچە ۋاراق قەغەز ئېسىلغان بولۇپ، باش بەتكە ئىككى پارچە سۈرەت ۋە «قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش قەلبداشلار كارتىسى» دېگەن خەت بېسىلغان، سۈرەتنىڭ بىر پارچىسى ئۆي ئىگىسىنىڭ، يەنە بىرى ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ نامراتلارنى يۆلەش كادىرىنىڭ سۈرىتى ئىدى؛ قالغان ۋاراقلىرىغا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋاقتى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەلىپى يېزىلغان ھەمدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش كادىرلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى قالدۇرۇلغانىدى. بۇ «مەسئۇلىيەتنامە»گە ئاساسەن، ھەر ھەپتىدە كادىرلار ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىدىكەن.

«چۈشىنىش خالتىسى»دا ھەربىر ئائىلىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن، بۇ، نوپۇس، يەر، كالا ـ قوي ۋە كىرىم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. روزىمەمەت مۇنداق دېدى: ئۆيدىكى بەزى ئەھۋاللارنى بەزىدە ئۆزۈممۇ ئېنىق ئەستە تۇتالمايمەن، «چۈشىنىش خالتىسى»نى ۋاراقلىساملا ئېنىق بولىدۇ. ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان كادىرلار ئۆيگە كېلىپ ناھايىتى ئىنچىكە سورايدۇ، قانداق ئۆزگىرىش بولسا خاتىرىلىۋېلىپ، خالتىغا سېلىپ قويىدۇ. «بىزنىڭ ئۆيدە قانچە پۇل بارلىقنى ماڭا قارىغاندا خالتا تېخىمۇ ئېنىق بىلىدۇ».

مۇخبىرلارنى ئەڭ خۇشال قىلغىنى بەزى دېھقان ئائىلىلىرىدىكى يېڭىدىن كۆپەيگەن قىپقىزىل «بەخت خالتىسى» ۋە «مىننەتدارلىق تېمى» بولدى.

كېرىيە ناھىيەسىنىڭ توغراغاز يېزىسى چاقار كەنتىدە، ھەر بىر ئۆينىڭ تېمىغا يېشىل رەڭلىك «چۈشىنىش خالتىسى» ۋە قىزىل رەڭلىك «بەخت خالتىسى» ئېسىلغانىدى. مۇخبىرلار بەخت خالتىسىنى ئېچىپ، خالتىدىكى خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى، قانۇن ـ نىزام قاتارلىق تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى كۆردى. كەنت ئاھالىسى ھاۋاخان مەتىمىننىڭ ئائىلىسى باشقىلارنىڭكىگە تېخىمۇ ئوخشىمايتتى، مېھمانخانىسىغا مەخسۇس بىر مىننەتدارلىق تېمى لايىھەلەنگەن، ئۈستىگە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرەتى، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش كادىرىنىڭ سۈرىتى، ھەمدە «پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش» تەشۋىقات رەسىمى قاتارلىقلار چاپلانغان.

يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ، ئىشىك ئالدىدىلا كېسەل كۆرسەتەلەيدىغان، دورا ئېلىيەلەيدىغان بولدى، ئاسفالت يول ئىشىك ئالدىغىچە تۇتاشتۇرۇلدى، بالىلار ھەقسىز مائارىپتىن بەھرىمەن بولدى، ھاۋاخان كەنتتىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدى، «پارتىيە ۋە دۆلەتكە رەھمەت! ھازىر، مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلىمەن!»

تېمپېراتۇرا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 2.6 سېلسىيە گرادۇس يۇقىرى بولدى

# شىنجاڭ 60 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ئىللىق باھارنى ئۆتكۈزدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى خۇيبېن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئېلان قىلغان 2020 ـ يىلى ئەتىياز پەسلى (3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە)لىك شىنجاڭنىڭ كىلىمات تەسىرنى باھالاش سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىل 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 13 سېلسىيە گرادۇس بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 2.6 سېلسىيە گرادۇس يۇقىرى بولغان، بۇ 1961 ـ يىلى ھاۋا رايى خاتىرىلەنگەندىن بۇيانقى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭ بىلەن تيانشان تاغلىق رايونلىرىنىڭ ئەتىياز پەسلىدىكى تېمپېراتۇرىسى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق كىلىمات مەركىزى مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل ئەتىياز پەسلىدە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرىراق بولدى؛ ھۆل ـ يېغىن كۆپ قىسىم جايلاردا ئازراق بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، خوتەن ۋىلايىتىدە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى كۆپرەك بولۇپ، 50%تىن يۇقىرىراق بولدى. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 33.1 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 24% ئاز بولدى، شىمالىي شىنجاڭ، تيانشان تاغلىق رايونلىرىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 40%، 14% ئاز بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا 1% كۆپ بولدى. تېمپېراتۇرا سىجىل يۇقىرىراق بولغان ئەھۋالدا، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا باش ئەتىياز مەزگىلى ۋە ئاخىرقى قىروۋ مەزگىلى ئومۇميۈزلۈك بالدۇر بولدى، بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ئاخىرقى قىروۋ مەزگىلى 11كۈندىن 33 كۈنگىچە بالدۇر بولدى.

بۇ يىل ئەتىيازدا ھاۋا رايى شارائىتى كۈزگى بۇغدايىنىڭ ئۆسۈشى، ئەتىيازدا تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنىڭ بىخ چىقىرىشى ۋە مايسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، كۆپ قىسىم مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چېچەكلەپ چاڭلىشىشى ھەم مېۋە تۇتۇشى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ كۆكلەپ ئۆسۈشىگە بىرقەدەر پايدىلىق، لېكىن شىمالىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ھۆل ـ يېغىن مىقدارى سىجىل ئاز بولۇپ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسىز بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدا كۆپرەك بولغان ھۆل ـ يېغىن بىر قىسىم كېۋەزلەرنىڭ بىخ چىقىرىشى ۋە مايسىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر كۆرسەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق كىلىمات مەركىزى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئەسكەرتىشىچە: ياز كىرگەندىن بۇيان، تېمپېراتۇرا يەنىلا سەل يۇقىرى، ھۆل ـ يېغىن سەل ئاز بولۇپ، قىسمەن جايلاردا قار ئېرىپ كەلكۈن كېلىش ئېھتىماللىقى بىرقەدەر چوڭ. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش، ئالدىن مەلۇمات بېرىشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، سۇ ئامبىرى، كۆل، توسما، دەريا يولى قاتارلىق نۇقتىلىق ئورۇنلارنى چارلاپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق ۋەزىيىتىنى ۋاقتىدا تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. كەڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سۇ ـ ئوغۇتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ سۇغىرىش، ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، زىرائەتلەرنىڭ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز.